# مەن بالاغەتكە يەتكەن ۋاقىتلىرىمدا، بىر كۈنى چىشى ئىشەككە مىنىپ مىناغا كەلسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردە ئوچۇقچۇلۇقتا ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن بالاغەتكە يېتىپ قالغان ۋاقىتلاردا، بىر كۈنى چىشى ئىشەككە مىنىپ مىناغا كەلسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردە ئوچۇقچۇلۇقتا ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، سەپنىڭ ئالدىدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئىشەكتىن چۈشۈپ ئۇنى يايلاش ئۈچۈن قويىۋەتتىم ۋە سەپكە قېتىلىپ ناماز ئوقۇدۇم، مېنى ھېچبىرى ئەيىپلىمىدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىستە شۇنداق خەۋەر بەرگەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججى قىلغان يىلى مىنادا تۇرغاندا، ئۇ بىر چىشى ئېشەككە مىنىپ كەلدى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تام ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش توسالغۇ يوق ئىدى، ئىبنى ئاباس ئېشەككە مىنگەن ھالدا سەپنىڭ ئالدىدىن بىر ئاز ئۆتۈپ توختىدى، ئاندىن ئېشەكنى قويىۋېتىپ نامازغا ئىقتىدا قىلدى. ئۇ، بۇ ۋاقىتتا بالاغەتكە يېتىپ قالغان ئىدى. يەنى بىرەر شەرئىيەتكە زىت ئىش سادىر قىلسا ئەيىپلىنىدىغان، نامازخانلارنىڭ نامىزىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ياشتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ياكى ساھابىلەردىن بىرەرسى كايىمىدى ۋە ئۇنى ئەيىپلىمىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3090